# مىڭ بىر كېچە



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# مىڭ بىر كېچە

⑥

تەرجىمە قىلغۇچى: پاتىگۈل مىجىت



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

一千零一夜.6/晓明编著;帕提古丽·米吉提译.—乌鲁木齐:新疆人民出版社,2003.11(2008.4重印)

根据上海人民美术出版社2001年4月汉文版译出。

ISBN 978-7-228-08400-5

Ⅰ.一… Ⅱ.①晓…②帕… Ⅲ.民间故事—作品集—阿拉伯半岛地区—维吾尔语(中国少数民族语言)

Ⅳ.1371.73

中国版本图书馆CIP数据核字(2003)第099968号

**一千零一夜(6)**

**(少儿版)**

| | |
|---|---|
| 责任编辑 | 艾合买提·伊明 |
| 责任校对 | 赛娜瓦尔·依布拉音 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 电　　话 | (0991)2827472 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 印　　刷 | 乌鲁木齐八家户彩印厂 |
| 开　　本 | 880×1230毫米　1/32 |
| 印　　张 | 2.75 |
| 版　　次 | 2003年11月第1版 |
| 印　　次 | 2008年4月第2次印刷 |
| 印　　数 | 4001—9000 |
| 定　　价 | 5.50元 |

بۇ كىتاب شائخەي خەلق گۈزەل سەنئەت نەشرىياتىنىڭ 2001 ـ يىل 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2001 ـ يىل 4 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تاللاپ تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

# مىڭ بىر كېچە (6)

(بالىلار نۇسخىسى)

---

**تۈزگۈچى:** شاۋمىڭ
**تەرجىمە قىلغۇچى:** پاتىگۈل مىجىت
**مەسئۇل مۇھەررىرى:** ئەخمەت ئىمىن
**مەسئۇل كوررېكتورى:** سەنەۋەر ئىبراھىم
**مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى:** مەمەت نەۋبەت
**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
**تېلېفون:** 0991—2827472
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
**پوچتا نومۇرى:** 830001
**ساتقۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**باسقۇچى:** ئۈرۈمچى باجياخۇ رەڭلىك باسما زاۋۇتى
**فورماتى:** 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
**باسما تاۋىقى:** 2.75
**نەشرى:** 2003 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**باسمىسى:** 2008 ـ يىلى 4 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
**تىرازى:** 4001—9000
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978—7—228—08400—5
**باھاسى:** 5.50 يۈەن

---

# مۇندەرىجە


ئەقىللىق بالىنىڭ تىللا ئوغرىسىنى تېپىشى ......... 1

ھۆنەم بىلەن گۈلھەندى ......................... 19

نەپسانىيەتچىنىڭ كۆرگۈلۈكى ...................... 27

يىلان پادىشاھى ............................... 47





此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

ئالتۇن لېگەن ئوغرىسى .................................... 56
بەخت نېمىدىن كېلىدۇ .................................... 62
ئاكا ـ ئۇكىنىڭ بايلىق ئىزدىشى ........................ 70
بوياقچى بىلەن ساتىراش .................................. 78



# ئەقىللىق بالىنىڭ تىللا ئوغرىسىنى تېپىشى

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، باغداد شەھىرىدە ئەلى ئىسىملىك بىر سودىگەر ئۆتكەنىكەن. ئۇ ئاتا - ئانىسىدىن قالغان قەدىم جايدا ئۆزى يالغۇز ياشاپ، ئۇتتۇر ئوقەت كۈن ئۆتكۈزىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئەلى كەينى - كەينىدىن ئۈچ كېچە ئاجايىپ غەلىتە چۈش كۆرۈپتۇ. ئۇنىڭ چۈشلىرىدە، چاچ - ساقاللىرى ئۇچتەك ئاقارغان بىر مويسىپىت ئۇنىڭ مۇشۇ



چاغقىچە مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىپ كەلمىگىنىنى ئە-
يىبلەپتۇ. چۈشىدىن چۆچۈپ ئويغانغان ئەلى كۆڭلىدە: «شۇ
ئەمەسمۇ! مۇسۇلمان تۇرۇپ، ھەج - تاۋاپ قىلىشقا بارمىسام
قانداق بولىدۇ» دەپ ئويلاپتۇ - دە، كەينىگە تارتماستىن
يولغا چىقىشنىڭ تەييارلىقىغا چۈشۈپتۇ.

ئەلى ئۆي بىساتلىرى بىلەن دۇكىنىنى سېتىپتۇ، دۇ-
كىنىدىكى نەرسىلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى سېتىپ، مەككىگە
بارغاندا سېتىپ خەج - خىراجەت قىلىش ئۈچۈن، ئازغىنە
بىر قىسمىنى ئېلىپ قاپتۇ.

ئۇ ھەممە ئىشنى تۈگەتكەندىن كېيىن يىغىلغان مىڭ
تىللانى بىر كوزىغا سېلىپ، ئۈستىگە زەيتۇن مېۋىسىنى
لىق قاچىلاپتۇ، ئاندىن بۇ كوزىنى بىر سودىگەر ئاغىنىسى-
نىڭ قېشىغا ئاپىرىپ:



— ئاغىنە، بۇ كوزىنىڭ ئىچىگە لىق زەيتۇن قاچىلاپ قويغانىدىم. ئېغىر كۆرمەي ماڭا ساقلاپ بەرگەن بولساڭ، — دەپتۇ.

ئۇنىڭ سودىگەر دوستى بۇنىڭغا جان دەپ رازى بوپتۇ. كوزىنى دوستىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ كۆڭلى ئارامىغا چۈشكەن ئەلى ھەج سەپەرگە ماڭغانلارنىڭ قاتارىغا كىرىپ مېڭىپ كېتىپتۇ.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئەلى مەككىگە تىنچ - ئامان يېتىپ بېرىپتۇ ۋە بارلىق ھەج پائالىيەتلىرىگە تولۇق قاتنىشىپتۇ.

ھەج - تاۋاپ قىلىش ئاياغلاشقاندىن كېيىن يۇرتىدىن ئېلىپ كەلگەن ماللىرىنى سېتىش ئۈچۈن يايما يېيىپ ئولتۇرۇپتۇ.

ئۇ نەرسىلىرىنى ئەمدىلا يېيىپ بولۇشىغا، ئىككى



سودىگەر كەپتۇ. گەرچە ئۇلار ھېچنېمە ئالمىغان بولسىمۇ، ماللارنى تەپسىلىي كۆرۈپتۇ، كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن ئە-لىگە:

— بۇ ماللىرىڭنى قاھىرەگە ئاپىرىپ ساتساڭ، تېخىمۇ كۆپ پۇلغا يارايدۇ، — دەپتۇ.

سودىگەرلەرنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئەلىدە قاھىرەگە بېرىپ تەلەي سىناپ بېقىش ئىستىكى تۇغۇلۇپتۇ. چۈنكى، ئۇ گۈزەل دۆلەت مىسىرنىڭ داڭقىنى خېلى بۇرۇنلا ئاڭلىغانىكەن.

ئەلى يايمىسىنى يىغىشتۇرۇپ، بىر توپ كارۋانغا ئە-



گىشىپ قاھىرەگە كەپتۇ. ئۇ قاھىرەگە كەلگەندىن كېيىن ماللىرىنى ناھايىتى تېزلا پۇل قىلىپ، خېلى جىق پۇللۇق بولۇپ قاپتۇ.

ئۇ بۇ پۇللىرى بىلەن مىسىردىكى بارلىق ئاسارئەتى-قىلەرنى زىيارەت قىلىپلا قالماي، يەنە نۇرغۇن دىنىي پائا-لىيەتلەرگىمۇ قاتنىشىپتۇ.

ئۇ كۈندىن - كۈنگە ھاللىنىپ كېتىپتۇ، شۇنداقتىمۇ ئانا يۇرتى باغدادنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماپتۇ.

ئاخىر بىر كۈنى ئۇ يۇرتىغا قايتىش سەپىرىگە ئاتلى-نىپتۇ.

ئۇ پارس سودىگەرلەر بىلەن بىللە يول بويى تىجارەت قىلىپ مېڭىپتۇ. پارس، ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ نۇرغۇن شەھەرلىرىنى كۆرۈپ تاماشا قىپتۇ.

ئۇ باغدادقا دەل يەتتە يىل بولدى دېگەن چاغدا ئاندىن قايتىپ كەپتۇ.

يەتتە يىل مابەينىدە زەيتۇن مېۋىسى قاچىلانغان كوزىنى ساقلاشقا بەرگەن ھېلىقى سودىگەر دوستى بىلەن ئەلىنىڭ ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قاپتىكەن. شۇڭا، ئۇ سودىگەر دوستى ئۇ-نىمۇ، ئۇ ساقلاشقا بەرگەن كوزىنىمۇ پاك - پاكىز ئۇنتۇپ كەتكەنىكەن.

لېكىن، ئەلى باغدادقا قايتىپ كېلىشتىن ئاۋۋالراق بىر ئاخشىمى، ئەلىنىڭ سودىگەر دوستى ئۆيىدىكىلەر بىلەن تا-ماق يەپ ئولتۇرۇپ زەيتۇننىڭ گېپىنى قىلىشىپ قاپتۇ. ئۇنىڭ ئايالى:

— زەيتۇن يېمىگىلى ئۇزۇن بوپتۇ. ئەجەب يېگۈم كې-لىۋاتىدۇ، — دەپتۇ.

ئايالىنىڭ گېپى ئۇنىڭ ئېسىگە ھېلىقى كوزىنى



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

ساپتۇ. ئۇ ئايالىغا:

— ھە، راست، ئەلى مەككىگە مېڭىشتىن ئىلگىرى ئىدىگە لىق زەيتۇن قاچىلانغان بىر كوزىنى ماڭا ساقلاشقا بەرگەن. ئاردىن يەتتە يىل ئۆتتى، ئەلىمۇ قايتىپ كەلمىدى. مەن چىقىپ قاراپ باقايچۇ، ئۇ زەيتۇنلارنى يەنە يېگىلى بولامدىكىن، قانداق؟ — دەپتۇ.

ئايالى ئۇنىڭغا، ئامانەتكە خىيانەت قىلماڭ، دەپ نەسىھەت قىپتۇ. ئەمما، ئۇ، ئەلىنىڭ بۇ چاغقىچە ھېچقانداق خەۋىرى



كەلمىدى، ئۆلگەن ئوخشايدۇ، دەپتۇ ـ دە، بىر پەتنۇس بىلەن جىنچىراغنى كۆتۈرۈپ ئامبارغا كىرىپتۇ، ئاختۇرۇپ ئۇ كوزىنى خېلى تەستە تېپىپتۇ.

ئۇ كوزىنىڭ ئاغزىنى شۇنداق ئېچىشىغىلا، سېسىغان زەيتۇننىڭ پۇرىقى بۇرنىغا گۇپپىدە ئۇرۇلۇپتۇ. ئاستىدىكى زەيتۇنلارنىڭ سېسىغان ـ سېسىمىغانلىقىنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن، ئۇ كوزىنى پەتنۇسقا دۈم كۆمتۈرۈپتۇ.

ئۇ كوزىنى دۈم قىلىپ زەيتۇنلارنى تۆكۈۋاتقاندا، زەيتۇن



مېۋىسىگە ئارىلىشىپ نەچچە تىللا چۈشۈپتۇ. ئۇ چۆچۈپ كېتىپتۇ. بۇ پۇل دېسە جېنىنى بېرىدىغان ئىنساپسىز سو-دىگەر كوزىنىڭ ئاستىغا قولىنى شۇنداق تىقىپتىكەن، قو-لىغا ساپلا تىللا ئۇرۇلۇپتۇ.

ئۇ كوزىنىڭ ئىچىدىكى سىرنى بىلىپ قالغاندىن كې-يىن، تۆكۈۋەتكەن زەيتۇنلارنى قايتىدىن كوزىغا سېلىپ، بۇرۇنقى ئىسكەتىگە ئەكېلىپ ئاغزىنى ھەم ئېتىپتۇ - دە، ئالغان جايىغا قويۇپ قويۇپ ئۆيىگە قايتىپ كىرىپتۇ.

ئۇ ئۇستەلىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، تىللا تې-پىۋالغانلىقىنى يوشۇرۇپ، ئايالىغا مۇنداقلا دەپ قويۇپتۇ:

— دېگىنىڭ توغرا ئىكەن. ئۇ زەيتۇنلار كۆكىرىپ يې-گۈسىز بىرنېمىگە ئايلىنىپتۇ. مەن ئۇ زەيتۇنلارنى ئەسلى قانداق سېلىنغان بولسا، شۇ پېتىچە قويۇپ قويدۇم. ئەلى قايتىپ كەلگەن ھالدىمۇ، ئۇ كوزىغا تەگكەنلىكىمىزنى بى-لەلمەيدۇ.

— تازا ياخشى قىپسىز، ئىشقىلىپ، خەقنىڭ ئامانە-تىگە تەگسە يامان بولىدۇ، — دەپ يەنە بىر قېتىم تەكىت-لەپتۇ ئايالى.

لېكىن، بۇ سودىگەر ئاغزىدا ھە، دەپ قويغان بىلەن كۆڭلىدە ئۇ تىللالارنى قانداق قىلىپ ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش قەستىگە چۈشۈپتۇ، ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىپ بىر كېچە ئۇخلىيالماپتۇ.

ئەتىسى قاق سەھەردە ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئامبارغا كى-رىپتۇ - دە، كوزىدىكى تىللالار بىلەن زەيتۇننى تۆكۈۋېلىپ، ئورنىغا لىق بىر كوزا يېڭى زەيتۇن قاچىلاپ قويۇپتۇ.

ئۇ سودىگەر تىللالارنى ئېلىۋېلىپ بىر ئايدىن كېيىن ئەلى قايتىپ كەپتۇ. ئۇ ئۆيىنى ئىجارىگە بېرىۋېتىپ

كەتكەنلىكى ئۈچۈن، بىر سارايغا چۈشۈپتۇ، ئاندىن ئۆيىنى ئىجارىگە ئالغۇچىغا ئۆزىنىڭ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىپتۇ. ئۇ ئۆيىنى ئىجارىگە ئالغۇچىلار باشقا بىر ئۆي تېپىۋالغۇچە مۇشۇ سارايدا يېتىپ - قوپۇپ تۇرىدىغان بوپتۇ.

باغدادقا قايتىپ كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى، ئۇ ھېلىقى سودىگەر دوستى بىلەن كۆرۈشكىلى بېرىپتۇ.

ئۇنىڭ سودىگەر دوستى ئۇنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن سىرتىدىن قىلچە چاندۇرماي ئۇنى ناھايىتى قىزغىن كۈتۈۋاپتۇ.

ئۇلار بىر - بىرىنىڭ ھال - ئەھۋالىنى سورىشىپ،



بىرمۇنچە تەكەللۇپ قىلىشقاندىن كېيىن، ئەلى يەتتە يىل بۇرۇن ئۇنىڭغا ساقلاپ بېرىشكە بەرگەن ھېلىقى كوزىسىنى سوراپتۇ. ئۇ شۇنچە يىللاردىن بېرى ئۇنى ئاۋارە قىلغانلىقى ئۈچۈن، دوستىدىن ئەپۇ سوراش بىلەن بىرگە نۇرغۇن رەھ- مەتلەر ئېيتىپتۇ.

— سۆيۈملۈك دوستۇم، — دەپتۇ سودىگەر، — ئۇنچىۋالا تەكەللۇپ قىلىپ كەتمە، مە، مانا بۇ مېنىڭ ئامبىرىمنىڭ ئاچقۇچى، ئۇ كوزىنى ئەسلىدىكى جايىدىن مىدىرلاتمىدىم، ئۆزۈڭ بېرىپ ئېلىۋال.



ئەلى سودىگەرنىڭ ئامبىرىدىن كوزىسىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن ئاچقۇچنى سودىگەرگە قايتۇرۇپ بېرىپتۇ ھەم يەنە بىر نۆۋەت چوڭقۇر تەشەككۈرىنى بىلدۈرۈپ سارايغا قايتىپ كېتىپتۇ.

ئۇ سارايغا كېلىپلا دەرھال كوزىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، ئۈستىدىكى زەيتۇنلارنى ئېلىۋېتىپ، قولىنى كوزىنىڭ ئاس-تىغا شۇنداق تىقىپلا يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكۈدەك چۆچۈپ كېتىپتۇ.

ئۇ دەسلەپىدە داڭقېتىپ قاپتۇ، كېيىندىن غۇلاچلىرىنى كېرىپ كۆككە قاراپ نالە قىپتۇ:

«ئاھ، خۇدا! دوست دېگەنمۇ مۇشۇنداق ئىنساپسىزلىق قىلامدۇ؟ نېمىدېگەن ئىپلاسلىق بۇ! ئەجەب ئەقلىمگە سىغ-مايۋاتىدۇ!»

ئۇنىڭدىن بۇنداق نامەردلىكنى، بۇنچە رەزىللىك بىلەن خىيانەتنى كۈتمىگەن ئەلى دەرھال دوستىنىڭ قېشىغا بې-رىپتۇ.

—ئەي دوستۇم، — دەپتۇ ئۇ، — ئۆيۈڭگە شۇنچە تېز قايتىپ كەلگىنىمنى كۆڭلۈڭگە ئالما. سەن ماڭا قايتۇرۇپ بەرگەن كوزىنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ساڭا ئامانەت قويۇپ قويغان كوزا ئىكەنلىكىدە گەپ يوق. لېكىن، مەن زەيتۇنلارنىڭ ئاستىغا تىقىپ قويغان مىڭ تىللا يوق تۇرىدۇ. بەلكى، ساڭا پۇل جىددىي لازىم بولۇپ ئىشلىتىپ قويغانسەن. ناۋادا ئا-شۇنداق قىلغان بولساڭ، قولۇڭغا پۇل كىرگەندە ماڭا قاي-تۇرۇپ بەرسەڭمۇ بولىدۇ. بۇنىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى ماڭا دەپ قويساڭلا، بولدى، مەن خاتىرجەم ئىشىمنى قىلىپ يۈرۈۋېرەي.

ئۇ سودىگەر ناھايىتى بەك ھەيران قالغان ھەم چۆچۈگەن



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com